# جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى بىلەن ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ 14 ـ بەش يىللىق يىرىك پىلانى ۋە 2035 ـ يىلغىچە بولغان كەلگۈسى نىشان پروگراممىسى

(بېشى 11 ـ بەتتە)

| 9 ـ جەدۋەل رەقەملىك قوللىنىش مۇھىتى | |
| --- | --- |
| 01 | **ئاقىل قاتناش**<br>ئاپتوماتىك ھەيدىلىدىغان ۋە ئاپتوموبىل ـ يول ماسلاشتۇرۇلغان سەپەر مۇلازىمىتىنى راۋاجلاندۇرۇش كېرەك. تاشيوللارنى ئاقىل باشقۇرۇش، قاتناش بەلگىلىرىنى تۇتاشتۇرۇش، كوچا ئاپتوبۇسى ئالدىن يۈرۈش بويىچە تىزگىنلەشنى ئومۇملاشتۇرۇش لازىم. ئاقىل تۆمۈريول، ئاقىل خەلق ئاۋىئاتسىيەسى، ئاقىل پورت، رەقەملىك سۇ ـ ھاۋا يولى، ئاقىل توختالغۇ بەرپا قىلىش كېرەك. |
| 02 | **ئاقىل ئېنېرگىيە**<br>كۆمۈركان، نېفىتلىك، گازلىق، ئېلېكتر ئىستانسىسى قاتارلىقلارنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈپ ئاقىللاشتۇرۇپ، ئېنېرگىيە ئىشلىتىش ئۈچۈرلىرىنى كەڭ دائىرىدە توپلاش ۋە ئېنېرگىيە ئۈنۈمىنى توردا تەھلىل قىلىشنى قانات يايدۇرۇپ، ئېنېرگىيە مەنبەسى، ئېنېرگىيە تورى، يۈك كۆتۈرۈش ئىقتىدارى ۋە ساقلاش ئىقتىدارىنى ھەمتۈرتكە قىلىش، كۆپ خىل ئېنېرگىيە ئۆزئارا تولۇقلاش، ئېنېرگىيە ئىشلىتىش ئېھتىياجىنى ئاقىل تەڭشەش ـ تىزگىنلەشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش كېرەك. |
| 03 | **ئاقىل ياسىمچىلىق**<br>ئۈسكۈنىلەر تورلاشتۇرۇلغان، ئىشلەپچىقىرىش ھالقىسى رەقەملەشتۈرۈپ تۇتاشتۇرۇلغان ۋە تەمىنات زەنجىرى ماس ئىنكاس قايتۇرىدىغان بولۇشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈرلىرى تۇتاشتۇرۇلغان، ياسىمچىلىق ئېلاستىكىلاشقان، مەھسۇلات خاسلاشقان، باشقۇرۇش ئاقىللاشقان بولۇشنى ئالغا سىلجىتىش كېرەك. |
| 04 | **ئاقىل يېزا ئىگىلىكى ۋە سۇچىلىق**<br>زىرائەتلەرنى تۇجۇپىلىك تېرىش، تۇجۇپىلىك ئوغۇتلاش، تۇجۇپىلىك دورا چېچىش، تۇجۇپىلىك يىغىشنى كېڭەيتىپ، ئەسلىھەلىك باغۋەنچىلىك، چارۋا، قۇش، سۇ مەھسۇلاتلىرى باقمىچىلىقنى ئاقىللاشتۇرۇپ قوللىنىشقا تۈرتكە بولۇش كېرەك. ئاقىل سۇچىلىق سىستېمىسى بەرپا قىلىپ، سۇ ئەھۋالىنى ۋادىنى بىرلىك قىلغان ھالدا تەكشۈرۈپ مەلۇم قىلىش ۋە ئاقىل تەڭشەش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش لازىم. |
| 05 | **ئاقىل مائارىپ**<br>ئىجتىمائىيلاشقان سۈپەتلىك تور دەرسلىرى بايلىقىنى ئاممىۋى مائارىپ سىستېمىسىغا كىرگۈزۈشكە تۈرتكە بولۇپ، سۈپەتلىك مائارىپ بايلىقىنىڭ تەسىرىنى تور ئارقىلىق يېزا ۋە چەت يىراق رايونلاردىكى ئاجىز مەكتەپلەرگە يەتكۈزۈشنى ئالغا سىلجىتىپ، سۈپىلىق ئۆگىنىش، سىنما ئۆگىنىش ۋە ئاقىللاشقان مائارىپ باشقۇرۇشنى باھالاشنى راۋاجلاندۇرۇش كېرەك. |
| 06 | **ئاقىل داۋالاش**<br>ئېلېكترونلۇق ساغلاملىق ئارخىپى ۋە كېسەل تارىخى، ئېلېكترونلۇق رېتسېپ قاتارلىق سانلىق مەلۇمات ئامبارلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، داۋالاش ـ ساقلىق ساقلاش ئاپپاراتلىرىنىڭ سانلىق مەلۇماتىنى ھەمبەھىرلەشنى تېزلىتىش لازىم. يىراقتىن داۋالاشنى ئومۇملاشتۇرۇپ، تېببىي تەسۋىر ئوقۇش ياردەمچىسى، كلىنىكىلىق دىياگنوز قويۇش ياردەمچىسى قاتارلىقلارنى قوللىنىشنى ئالغا سىلجىتىش كېرەك. داۋالاش ئاپپاراتلىرى ۋە داۋالاش ھەرىكىتىنى چوڭ سانلىق مەلۇمات ئارقىلىق نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش لازىم. |
| 07 | **ئاقىل مەدەنىيەت ـ ساياھەت**<br>مەنزىرە رايونى، مۇزېي قاتارلىقلارنىڭ توردا رەقەملىك سىنما مەھسۇلاتلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا تۈرتكە بولۇپ، مەنزىرە رايونلىرىنى ئۆلچەپ تەكشۈرۈش ئەسلىھەسى ۋە چوڭ سانلىق مەلۇمات سۇپىسى بەرپا قىلىپ، چۆكۈپ سىناش، مەۋھۇم كۆرگەزمىخانا، يۇقىرى ئېنىقلىقتا بىۋاسىتە كۆرسىتىش قاتارلىق يېڭىچە مەدەنىيەت ـ ساياھەت مۇلازىمەتلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك. |
| 08 | **ئاقىل مەھەللە**<br>مەمۇرىيەت مۇلازىمەت سۇپىسى، مەھەللە تۇيغۇ ئەسلىھەسى ۋە ئائىلە تېرمىنالىنى تۇتاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولۇپ، ئاقىل سىگنال بېرىش، جىددىي ياردەم بېرىش ـ قۇتقۇزۇش ۋە ئاقىل كۆتۈنۈش قاتارلىق مەھەللە ئەلنەپ مۇلازىمەتلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئادەمسىز ئەشيا ئوبوروتى يەتكۈزۈش سىستېمىسى ئورنىتىش كېرەك. |
| 09 | **ئاقىل ئائىلە**<br>ئىندۇكسىيەلىك تىزگىنلەش، ئاۋازلىق تىزگىنلەش، يىراقتىن تىزگىنلەش قاتارلىق تېخنىكا ۋاسىتىلىرىنى قوللىنىپ، ئاقىل ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرى، ئاقىل يورۇتۇش، بىخەتەرلىكنى ئاقىل نازارەت قىلىش ـ تىزگىنلەش، ئاقىل ياغراتقۇ، يېڭىچە كىيىم ـ تاقىما ئۈسكۈنە، مۇلازىم ماشىنا ئادەم قاتارلىقلارنى راۋاجلاندۇرۇش لازىم. |
| 10 | **ئاقىل مەمۇرىيەت**<br>مەمۇرىيەت مۇلازىمىتىنى بىر توردىلا بېجىرىشنى ئالغا سىلجىتىپ، ئېلېكترونلۇق كىنىشكا ـ گۇۋاھنامە، ئېلېكترونلۇق توختام، ئېلېكترونلۇق تامغا ـ ئىمزا، ئېلېكترونلۇق تالون، ئېلېكترونلۇق ئارخىپلارنى قوللىنىشنى كېڭەيتىپ، مەمۇرىيەت مۇلازىمىتىگە «ياخشى ـ ناچار باھا» بېرىدىغان باھالاش سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. |

## 6 ـ قىسىم ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، يۇقىرى سەۋىيەلىك سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى بەرپا قىلىش

سوتسىيالىستىك ئاساسىي ئىقتىسادىي تۈزۈمدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، بازارنىڭ بايلىق تەقسىملەشتىكى ھەل قىلغۇچ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ھۆكۈمەتنىڭ رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، ئۈنۈملۈك بازار بىلەن يارامىلىق ھۆكۈمەتنىڭ تېخىمۇ ياخشى بىرىكىشىگە تۈرتكە بولۇش كېرەك.

### 19 ـ باب تۈرلۈك بازار سۇبيېكتلىرىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتۇش

ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئىگىلىكنى قەتئىي تەۋرەنمەي مۇستەھكەملەپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتىغا قىلچە تەۋرەنمەي ئىلھام بېرىپ، يار ـ يۆلەك بولۇپ ۋە يېتەكچىلىك قىلىپ، ھاياتىي كۈچى، ئىجادىيەت كۈچى ۋە رىقابەت كۈچىگە تېخىمۇ باي بازار سۇبيېكتلىرىنى يېتىلدۈرۈش لازىم.

**1 ـ پاراگراف دۆلەت ئىگىلىكىنىڭ جايلىشىشىنى ياخشىلاش ۋە قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشنى تېزلىتىش**

دۆلەت ئىستراتېگىيەسىگە مۇلازىمەت قىلىشنى چۆرىدەپ، كىرىش ـ چېكىنىشكە ئىمكان بېرىش، قىلىدىغانىنى قىلىپ قىلمايدىغانىنى قىلماسلىقتا چىڭ تۇرۇپ، دۆلەت ئىگىلىكىنىڭ جايلىشىشىنى ياخشىلاش، قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش ۋە ئىستراتېگىيەلىك قايتا تەشكىللەشنى تېزلىتىپ، دۆلەت ئىگىلىكىنىڭ رىقابەت كۈچى، يېڭىلىق يارىتىش كۈچى، تىزگىنلەش كۈچى، تەسىر كۈچى ۋە خەۋپ ـ خەتەرگە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىپ، دۆلەت كاپىتالى ۋە دۆلەت كارخانىلىرىنى كۈچەيتىش، ياخشىلاش ۋە زورايتىش لازىم. دۆلەت ئىگىلىكىنىڭ ئىستراتېگىيەلىك تىرەكلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، دۆلەت ئىگىلىكىنىڭ ئىستراتېگىيەلىك خەۋپسىزلىك، كەسىپ يېتەكچىلىكى، دۆلەت ئىگىلىكى ۋە خەلق تۇرمۇشى، ئاممىۋى مۇلازىمەت قاتارلىق فۇنكسىيەلىرىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا نىشانلىشىغا تۈرتكە بولۇپ، ساقلانما مۈلۈكنى تەڭشەپ ۋە جانلاندۇرۇپ، كۆپەيمە كاپىتالنىڭ تەقسىملىنىشىنى ياخشىلاپ، دۆلەت خەۋپسىزلىكى ۋە خەلق ئىگىلىكىنىڭ جان تومۇرىغا مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ساھەلەرگە، ئاممىۋى مۇلازىمەت قىلىش، جىددىي تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارى قۇرۇلۇشى ۋە خەيرىيەت ئىشلىرى قاتارلىق دۆلەت ئىگىلىكى ۋە خەلق تۇرمۇشىغا مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ساھەلەرگە، ئالدىن كۆرەرلىككە ئىگە ئىستراتېگىيەلىك گۈللىنىۋاتقان كەسىپلەرگە مەركەزلەشتۈرۈش لازىم. تولۇق رىقابەتلىك ساھەلەردىكى دۆلەت ئىگىلىكىگە قارىتا، كاپىتال پايدىسى نىسبىتى ۋە قاتتىق مالىيە چەكلىمىسىنى كۈچەيتىپ، يۆتكىلىشچانلىقنى ئاشۇرۇپ، دۆلەت كاپىتالىنى ياخشى تەقسىملەش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. جايلىشىش قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشنىڭ ئۇزاق ئۈنۈملۈك مېخانىزمىنى ئورنىتىپ، دۆلەت ئىگىلىكىنىڭ جايلىشىشىنى ياخشىلاش ۋە قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش كۆرسەتمىسىنى جانلىق ئېلان قىلىش لازىم.

**2 ـ پاراگراف دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ جۇڭگوچە زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش**

پارتىيەنىڭ دۆلەت كارخانىلىرىغا بولغان ئومۇميۈزلۈك رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش بىلەن شىركەت ئىدارە قىلىشنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنىڭ بىرلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ھوقۇق ـ مەسئۇلىيەت قانۇندا بەلگىلەنگەن، ھوقۇق ـ مەسئۇلىيەت ئاشكارا بولغان، ماس يۈرۈشىدىغان، ئۈنۈملۈك تىزگىنلىنىدىغان شىركەت ئىدارە قىلىش مېخانىزمىنى تېز ئورنىتىش كېرەك. مۇدىرىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، مۇدىرىيەتنىڭ خىزمەت ھوقۇقىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مۇدىرىيەتنى شىركەت تىجارىتىدە تەدبىر بەلگىلەش سۇبيېكتىغا ئايلاندۇرۇش كېرەك. ئىدارە قىلىشنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، رىغبەتنى كۈچەيتىش، ئاساسىي كەسىپنى گەۋدىلەندۈرۈش، ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈش تەلىپىگە ئاساسەن، دۆلەت كارخانىلىرىنى ئارىلاش مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىگە ئۆزگەرتىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، تىجارەت مېخانىزمىنى چوڭقۇر قاتلاملىق ئالماشتۇرۇپ، ئارىلاش مۈلۈكچىلىكتىكى كارخانىلاردا دۆلەت شېرىكسىز كارخانىلىرى، دۆلەت تولۇق مەبلەغلىق كارخانىلىرىنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان ئىدارە قىلىش مېخانىزمى ۋە نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش ھەققىدە ئىزدىنىش كېرەك. باشقۇرۇش قاتلىمى ئەزالىرىنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى تۈزۈمى ۋە كېلىشىملىك باشقۇرۇشنى ئومۇملاشتۇرۇپ، بازارلاشقان مائاش تەقسىماتى مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، كۆپ خىل شەكىلدىكى ئوتتۇرا، ئۇزاق مەزگىللىك رىغبەتلەندۈرۈشنى جانلىق قانات يايدۇرۇش لازىم.

**3 ـ پاراگراف كاپىتال باشقۇرۇش ئاساس قىلىنغان دۆلەت مۈلكىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇش**

ھوقۇق بېرىش بىلەن نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشنى بىرلەشتۈرۈش، جانلاندۇرۇش بىلەن باشقۇرۇشنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، دۆلەت مۈلكىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش ئىدىيەسى، مۇھىم نۇقتىسى، ئۇسۇلى قاتارلىقلاردا كۆپ تەرەپلىمە ئۆزگەرتىش ياساشنى زور كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىش لازىم. كاپىتال باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى ياخشىلاپ، تىزىملىك بويىچە باشقۇرۇشنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇپ، تۈر بويىچە ھوقۇق بېرىش، ھوقۇقنى تۆۋەنگە بېرىشنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، قانۇنىي ئىگە ئىدارە قىلىش قۇرۇلمىسى ئارقىلىق مەسئۇلىيەت ئادا قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ئىش داۋامىدا، ئىشتىن كېيىن نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش كېرەك. دۆلەت كاپىتالى سېلىنمىسى، تىجارەت شىركىتى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ھۆكۈمەت ۋە دۆلەت مۈلكىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش ئاپپاراتى، دۆلەت كاپىتالى سېلىنمىسى، تىجارەت شىركىتى ۋە پاي ئىگىلىگەن كارخانىنىڭ ھوقۇق چېگراسىنى ئېنىق، مۇۋاپىق بېكىتىش لازىم. ماس، ئۈنۈملۈك نازارەتچىلىك مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، جاۋابكارلىقنى سۈرۈشتۈرۈشنى چىڭىتىپ، دۆلەت مۈلكىنىڭ قولدىن كېتىشىدىن ھەققىي ساقلىنىش كېرەك. تىجارەتلىك دۆلەت مۈلكىنى مەركەزلىك بىرتۇتاش نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشنى تېز ئالغا سىلجىتىش لازىم.

**4 ـ پاراگراف پۇقراۋى كارخانىلارنىڭ تەرەققىيات مۇھىتىنى ياخشىلاش**

پۇقراۋى كارخانىلارنىڭ تەرەققىياتىنى قوللايدىغان قانۇنچىللىق مۇھىتى، سىياسەت مۇھىتى ۋە بازار مۇھىتىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، پۇقراۋى كارخانىلارنىڭ مۈلۈك ھوقۇقى ۋە كارخانىچىلارنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى قانۇن بويىچە باراۋەر قوغداش كېرەك. پۇقراۋى كارخانىلارنىڭ بايلىق ئامىلىنى قانۇن بويىچە باراۋەر ئىشلىتىشى، رىقابەتكە ئاشكارا، ئادىل، ھەققانىي قاتنىشىشى، قانۇن تەرىپىدىن باراۋەر قوغدىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش لازىم. پۇقراۋى كارخانىلارغا بازار ئىجازىتىنى يەنىمۇ قويۇۋېتىپ، خېرىدار چاقىرىش ـ خېرىدار چېقىش قاتارلىق ساھەلەردىكى تۈرلۈك توسالغۇلارنى تۈگىتىش كېرەك. پۇقراۋى كارخانىلارنى پۇل مۇئامىلە ئارقىلىق قوللايدىغان سىياسەت قورالىدا يېڭىلىق يارىتىپ، مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈپ ئىناۋەت ئۆستۈرۈشنى قوللاش سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، پۇقراۋى كارخانىلارنىڭ ئىناۋەت باھالاش، زايوم تارقىتىشىغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىپ، ئۇنىۋېرسال مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش تەننەرخىنى تۆۋەنلىتىش لازىم. ئوتتۇرا، كىچىك، مىكرو كارخانىلار ۋە يەككە سودا ـ سانائەتچىلەرنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان سىياسەت سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، باج ـ ھەقتە ئېتىبار بېرىش ۋە كرېدىت جەھەتتە قوللاش سالمىقىنى ئاشۇرۇش كېرەك. يېقىنلىق ۋە پاكلىق ئاساسىدىكى ھۆكۈمەت ـ سودىگەرلەر مۇناسىۋىتى بەرپا قىلىپ، قېلىپلاشقان ھۆكۈمەت ـ كارخانا ئالاقە يوللىرىنى ئورنىتىش كېرەك. ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارنىڭ ئېلىم ھېسابىدىكى پۇلنى نېسى قالدۇرۇشنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان ۋە ئۇنى تۈگىتىدىغان ئۇزاق ئۈنۈملۈك مېخانىزمنى تاكامۇللاشتۇرۇش لازىم.

**5 ـ پاراگراف پۇقراۋى كارخانىلارنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش**

پۇقراۋى كارخانىلارنىڭ ئىسلاھ قىلىشى ـ يېڭىلىق يارىتىشىغا ئىلھام بېرىپ، تىجارەت ئىقتىدارى ۋە باشقۇرۇش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. شارائىتى يار بېرىدىغان پۇقراۋى كارخانىلارنى زامانىۋى كارخانا تۈزۈمى ئورنىتىشقا يېتەكلەش لازىم. پۇقراۋى كارخانىلارنىڭ ئۇل تەتقىقات ۋە تېخنىكا ئىجادىيىتىنى قانات يايدۇرۇشى، ھالقىلىق تېخنىكا تەتقىقاتى ۋە دۆلەتنىڭ نۇقتىلىق پەن ـ تېخنىكا تۈرلىرىدە ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشقا قاتنىشىشىنى قوللاش كېرەك. پۇقراۋى كارخانىلارنى دۆلەتنىڭ مۇھىم ئىستراتېگىيەلىرىنى يولغا قويۇشقا قاتناشتۇرۇش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم. پۇقراۋى كارخانىلارنىڭ قانۇنغا ئەمەل قىلىپ قائىدىلىك تىجارەت قىلىشىغا تۈرتكە بولۇپ، پۇقراۋى كارخانىلارنىڭ ئىجتىمائىي مەسئۇلىيىتىنى پائال ئادا قىلىشى، ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئىشلىرى ۋە خەيرىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىشىغا ئىلھام بېرىش كېرەك. كارخانىچىلار روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، ياش بىر ئەۋلاد پۇقراۋى كارخانىچىلارنى ساغلام ئۆسۈپ يېتىلدۈرۈش پىلانىنى يولغا قويۇش لازىم.

### 20 ـ باب يۇقىرى ئۆلچەملىك بازار سىستېمىسى بەرپا قىلىش

يۇقىرى ئۆلچەملىك بازار سىستېمىسى بەرپا قىلىش ھەرىكىتىنى يولغا قويۇپ، بازار سىستېمىسىنىڭ ئاساسىي تۈزۈملىرىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، باراۋەر ئىجازەت بېرىش، ئادىل نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش، ئوچۇق ـ تەرتىپلىك بولۇش، سەممىي بولۇش، قانۇنغا ئەمەل قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئۈنۈملۈك، قېلىپلاشقان، ئادىل رىقابەتلىشىدىغان بىرلىككە كەلگەن ئىچكى بازار شەكىللەندۈرۈش كېرەك.

**1 ـ پاراگراف مۈلۈك ھوقۇقى تۈزۈمىنى ئومۇميۈزلۈك مۇكەممەللەشتۈرۈش**

تەۋەلىكى ئېنىق، ھوقۇق ـ مەسئۇلىيەت ئايدىڭ، قاتتىق قوغدىلىدىغان، راۋان يۆتكىلىدىغان زامانىۋى مۈلۈك ھوقۇقى تۈزۈمىنى تاكامۇللاشتۇرۇش كېرەك. ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرىنى يولغا قويۇپ، نەرسە ھوقۇقى، ھەقدارلىق، پاي ھوقۇقى قاتارلىق مۈلۈك ھوقۇقلىرىغا دائىر قانۇن ـ نىزاملارنى تۈزۈپ ۋە تۈزىتىپ، ھوقۇق تەۋەلىكىنى ئېنىق بېكىتىپ، مۈلۈك ھوقۇقى فۇنكسىيەسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم. ئادىللىق پرىنسىپى قىلىنغان مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداش تۈزۈمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، دۆلەت كارخانىسى، پۇقراۋى كارخانا، چەت ئەل مەبلىغى كارخانىسى قاتارلىق تۈرلۈك مۈلۈكچىلىكتىكى كارخانىلارنىڭ مۈلۈك ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە باراۋەر قوغداش كېرەك. مۈلۈك ھوقۇقىنى قانۇن ئىجرا قىلىش، قانۇن يۈرگۈزۈش ئارقىلىق قوغداش تۈزۈمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، كارخانىغا چېتىشلىق مۈلۈك ھوقۇقى دېلولىرىدا ئەرز قىلىش، قايتا تەكشۈرۈش، قايتا سوت قىلىش قاتارلىق قوغداش مېخانىزملىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، كارخانىغا چېتىشلىق ناھەق، خاتا دېلولارنى قانۇن بويىچە پەرقلەندۈرۈش ـ تۈزىتىشنى نورماللاشتۇرۇش ۋە مېخانىزملاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولۇپ، ھۆكۈمەتكە چېتىشلىق مۈلۈك ھوقۇقى ماجىرالىرىنى ئىنكاس قىلىش ۋە بىر تەرەپ قىلىش يوللىرىنى راۋانلاشتۇرۇش لازىم. سانلىق مەلۇمات، بىلىم، مۇھىت قاتارلىق ساھەلەرنىڭ مۈلۈك ھوقۇقى تۈزۈمى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، تەبىئىي بايلىق مۈلكىنىڭ مۈلۈك ھوقۇقىغا دائىر تۈزۈم ۋە قانۇن ـ نىزاملارنى تاكامۇللاشتۇرۇش كېرەك.

**2 ـ پاراگراف ئامىللارنى بازارلاشتۇرۇپ تەقسىملەش ئىسلاھاتىنى ئالغا سىلجىتىش**

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن قۇرۇلۇش يېرى بازىرىنى ئورنىتىپ ۋە تاكامۇللاشتۇرۇپ، يېزا يېرىنى ئېلىش، يېزا كوللېكتىپىنىڭ تىجارەتلىك قۇرۇلۇش يېرىنى بازارغا سېلىش، تۇرالغۇ يېرى تۈزۈمى ئىسلاھاتلىرىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. يەر پىلانلاش ـ باشقۇرۇش ئۇسۇلىدا يېڭىلىق يارىتىپ، ئۆلكە دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرگە يەر ئىشلىتىشتە تېخىمۇ كۆپ ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرۈش ھوقۇقى بېرىپ، مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن قۇرۇلۇش يېرى، تېرىلغۇ يەر تولۇقلاش كۆرسەتكۈچىنىڭ رايون ھالقىغان سودا مېخانىزمى ئورنىتىش ئۈستىدە ئىزدىنىش لازىم. ئوخشاش بولمىغان كەسىپ يەرلىرىنىڭ تىپىنى مۇۋاپىق ئالماشتۇرۇش مېخانىزمىنى ئورنىتىپ، ئارىلاش كەسىپ يېرى تەمىناتىنى ئاشۇرۇش كېرەك. بىرلىككە كەلگەن قېلىپلىق ئادەم كۈچى بايلىقى بازار سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، ئەمگەك كۈچى ۋە ئىختىساسلىقلارنىڭ شەھەر ـ يېزا، رايونلار ۋە ھەرخىل مۈلۈكچىلىكتىكى ئورۇنلار ئارا يۆتكىلىش توسالغۇلىرىنى تۈگىتىپ، كادىرلار ئارخىپىنى باشقۇرۇشتىكى نامۇۋاپىق چەكلىمىلەرنى ئازايتىش كېرەك. تېخنىكا ۋە سانلىق مەلۇمات ئامىلى بازىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش لازىم. ئامىل بازىرىنىڭ ھەرىكەت مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، سودا قائىدىسى ۋە مۇلازىمەت سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. ئاممىۋى بايلىق سودا سۇپىسىنى تەرتىپكە سېلىش، ھەمبەھىرلەشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش لازىم.

**3 ـ پاراگراف رىقابەت سىياسىتىنىڭ ئۇللۇق ئورنىنى كۈچەيتىش**

رىقابەتكە ئىلھام بېرىش، مونوپولغا قارشى تۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، رىقابەت سىياسىتى رامكىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىشتىن بۇرۇن، ئىش داۋامىدا، ئىشتىن كېيىنكى بارلىق ھالقىلارنى قاپلىغان رىقابەت سىياسىتىنى يولغا قويۇش مېخانىزمى بەرپا قىلىش لازىم. كۆپەيمە مىقدارنى تەكشۈرۈش بىلەن ساقلانما مىقدارنى تۈگىتىشنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى ئىشلەپ، رىقابەت ئادىللىقىنى تەكشۈرۈش تۈزۈمىنىڭ قاتتىق چەكلىمىسىنى كۈچەيتىپ، رىقابەت ئادىللىقىنى تەكشۈرۈش تەپسىلىي قائىدىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن بازار ۋە ئادىل رىقابەتكە توسالغۇ بولۇۋاتقان قائىدە ۋە ئۇسۇللارنى داۋاملىق ئېنىقلاپ بىكار قىلىش كېرەك. بازار رىقابەت ئەھۋالىنى باھالاش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئەرز قىلىش، پاش قىلىش ۋە بىر تەرەپ قىلىش، ئىنكاس قايتۇرۇش مېخانىزمى ئورنىتىش لازىم. مونوپوللۇققا قارشى ۋە ناتوغرا رىقابەتكە قارشى قانۇن ئىجرا قىلىش، قانۇن يۈرگۈزۈش سالمىقىنى زورايتىپ، كاپىتالنىڭ تەرتىپسىز كېڭىيىشىنى توسۇش كېرەك. ئېنېرگىيە، تۆمۈريول، تېلېگراف، ئاممىۋى ئىشلار قاتارلىق ساھەلەرنىڭ رىقابەتلىك ھالقىلىرىنى بازارلاشتۇرۇش ئىسلاھاتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، رىقابەتلىك كەسىپلەرنىڭ ئىجازىتىنى بوشىتىپ، بازار رىقابىتى مېخانىزمىنى يەنىمۇ كىرگۈزۈپ، تەبىئىي مونوپول كەسىپلەرنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش لازىم.

**4 ـ پاراگراف ئىجتىمائىي ئىناۋەت سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇش**

ئىناۋەتكە دائىر قانۇن ـ نىزام ۋە ئۆلچەم سىستېمىسىنى ئورنىتىپ ۋە تاكامۇللاشتۇرۇپ، ئاممىۋى ئىناۋەت ئۇچۇرى مۇندەرىجىسى ۋە لەۋزىدە تۇرمىغانلارنى جازالاش تەدبىرى تىزىملىكىنى تۈزۈپ چىقىپ، لەۋزىدە تۇرمىغان سۇبيېكتلارنىڭ ئىناۋىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. ئىناۋەت ۋەدىسى تۈزۈمىنى كېڭەيتىش لازىم. ئىناۋەت ئۇچۇرىنى توپلاش، ھەمبەھىرلەش، ئاشكارىلاش ۋە قوللىنىشنى كۈچەيتىپ، خەلققە نەپ يەتكۈزۈپ كارخانىلارغا قولايلىق يارىتىدىغان ئىناۋەت مەھسۇلاتى ۋە مۇلازىمىتىنى كېڭەيتىش لازىم. ئاممىۋى ئىناۋەت ئۇچۇرى ۋە پۇل مۇئامىلە ئۇچۇرىنى ھەمبەھىرلەش ـ تەرتىپكە سېلىش مېخانىزمى ئورنىتىش كېرەك. خەلقئارا رىقابەت كۈچىگە ئىگە كارخانا ئىناۋەت گۇۋاھلىقى ئاپپاراتى ۋە ئىناۋەت دەرىجىسىنى باھالاش ئاپپاراتلىرىنى يېتىلدۈرۈپ، ئىناۋەت گۇۋاھلىقىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئىناۋەت مۇلازىمىتى بازىرىنىڭ ساغلام تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش لازىم. ئىناۋەت ئۇچۇرى بىخەتەرلىكىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئىناۋەت سۇبيېكتىنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش كېرەك. ھۆكۈمەتنىڭ لەۋزىدە تۇرماسلىق جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرۈش تۈزۈمىنى ئورنىتىش ۋە تاكامۇللاشتۇرۇش لازىم.

### 21 ـ باب زامانىۋى مالىيە ـ باج، پۇل مۇئامىلە تۈزۈلمىسى ئورنىتىش

مالىيەنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىشتىكى ئۇل ۋە مۇھىم تۈۋرۈكلۈك رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، پۇل مۇئامىلىنىڭ ئەمەلىي ئىقتىسادقا مۇلازىمەت قىلىش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇن مالىيە ـ باج، پۇل مۇئامىلە تۈزۈمىنى تاكامۇللاشتۇرۇش لازىم.

**1 ـ پاراگراف زامانىۋى مالىيە تۈزۈمىنى تېزدىن ئورنىتىش**

خامچوت باشقۇرۇش تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، خامچوت تۈزۈشكە ماكرولۇق يېتەكچىلىك قىلىش ۋە تەكشۈرۈش ـ نازارەت قىلىشنى كۈچەيتىش لازىم. مالىيە بايلىقىنى بىرتۇتاش پىلانلاشنى كۈچەيتىپ، مالىيە چىقىمىنى ئۆلچەملەشتۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، خامچوت بويىچە چەكلەش ۋە نەتىجە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش كېرەك. يىل ھالقىغان خامچوتنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئوتتۇرا مەزگىللىك مالىيە يىرىك پىلانىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، دۆلەتنىڭ مۇھىم ئىستراتېگىيەلىك ۋەزىپىلىرىنىڭ مالىيە كاپالىتىنى كۈچەيتىش لازىم. ھوقۇق ـ مەسئۇلىيەت ئېنىق، مالىيە كۈچى ماس، رايونلار ئارا تەڭپۇڭ بولغان مەركەز ـ يەرلىك مالىيە مۇناسىۋىتى ئورنىتىپ، مەركەزنىڭ بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداش، كۆتۈنۈش سۇغۇرتىسى، رايون ھالقىغان ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ئاسراش قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئىش ھوقۇقىنى مۇۋاپىق كۆپەيتىپ، مەركەز بىلەن يەرلىكنىڭ ئورتاق ئىش ھوقۇقىنى ئازايتىش ۋە قېلىپلاشتۇرۇش لازىم. ئۆلكە دەرىجىلىكتىن تۆۋەن مالىيە تۈزۈلمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، ئاساسىي قاتلام ئاممىۋى مۇلازىمەت كاپالىتى ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. مالىيە يۆتكىمە چىقىمى تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يۆتكىمە چىقىم قۇرۇلمىسىنى ياخشىلاپ، يۆتكىمە چىقىم تۈرلىرىنى قېلىپلاشتۇرۇش لازىم. ھوقۇق ـ جاۋابكارلىق پەيدا بولۇش تۈزۈمى، ھۆكۈمەت ئۇنىۋېرسال مالىيە دوكلاتى تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. ھۆكۈمەت قەرز ئېلىش ـ مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش مېخانىزمىنى ئورنىتىش ۋە تاكامۇللاشتۇرۇش لازىم.

**2 ـ پاراگراف زامانىۋى باج تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش**

باج تۈزۈمىنىڭ قۇرۇلمىسىنى ياخشىلاپ، بىۋاسىتە باج سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، بىۋاسىتە باج سالمىقىنى مۇۋاپىق ئاشۇرۇش كېرەك. شەخسلەر تاپاۋەت بېجى تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئۇنىۋېرسال ئېلىش دائىرىسىنىڭ كېڭىيىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، باج نىسبىتى قۇرۇلمىسىنى ياخشىلاش لازىم. ياسىمچىلىقنى قوللاش ۋە مۇقىملاشتۇرۇش، كەسىپ زەنجىرى ۋە تەمىنات زەنجىرىنى مۇستەھكەملەشنى نىشانلاپ، قوشۇلما قىممەت بېجى تۈزۈمىنى يەنىمۇ ياخشىلاش كېرەك. ئىستېمال بېجىنىڭ ئېلىش دائىرىسى ۋە باج نىسبىتىنى تەڭشەپ ياخشىلاپ، ئېلىش ھالقىسىنى كەينىگە سۈرۈش ھەمدە پۇختا قەدەم بىلەن يەرلىككە ئايرىپ بېرىشنى ئالغا سىلجىتىش لازىم. باجدا ئېتىبار بېرىشنى قېلىپلاشتۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. ئۆي ـ زېمىن بېجى قانۇنىي چىقىرىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، يەرلىك باج سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يەرلىكنىڭ باج باشقۇرۇش ھوقۇقىنى قەدەممۇقەدەم زورايتىش لازىم. باج ئېلىش ـ باشقۇرۇش تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئاقىل باج ئىشلىرى بەرپا قىلىپ، باج ئېلىش ـ باشقۇرۇشنىڭ زامانىۋىلىشىشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك.

**3 ـ پاراگراف پۇل مۇئامىلىنىڭ تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش**

يۈكسەك ماسلىشىشچانلىق، رىقابەت كۈچى، ئومۇمىي مەنپەئەتدارلىققا ئىگە زامانىۋى پۇل مۇئامىلە سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، پۇل مۇئامىلە ئەمەلىي ئىقتىسادنى ئۈنۈملۈك قوللايدىغان تۈزۈلمە ـ مېخانىزملارنى بەرپا قىلىش لازىم. زامانىۋى مەركىزىي بانكا تۈزۈمى بەرپا قىلىپ، پۇل تەمىناتىنى تەڭشەش ـ تىزگىنلەش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. رەقەملىك پۇلنى تەتقىق قىلىپ يارىتىشنى پۇختا قەدەم بىلەن ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. ئۆسۈم نىسبىتىنى بازارلاشتۇرۇپ شەكىللەندۈرۈش مېخانىزمى ۋە ئۆسۈم نىسبىتى ئۆتمە مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، مەركىزىي بانكىنىڭ سىياسەتلىك ئۆسۈم نىسبىتى سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، بازاردا ئېلان قىلىنغان قەرز ئۆسۈم نىسبىتىنىڭ مىزانلىق رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇش كېرەك. پۇل مۇئامىلە سىستېمىسىنىڭ قۇرۇلمىسىنى ياخشىلاپ، دۆلەت سودا بانكىسى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئوتتۇرا، كىچىك بانكىلار ۋە يېزا ئامانەت ـ قەرز كوپىراتىپلىرىنىڭ ئىدارە قىلىش قۇرۇلمىسىنى تېزدىن مۇكەممەللەشتۈرۈپ، بانكىدىن باشقا پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنى قېلىپلاشتۇرۇپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، پۇل مۇئامىلىنىڭ ئومۇمىي مەنپەئەتدارلىقىنى كۈچەيتىش لازىم. سىياسەتلىك پۇل مۇئامىلىنى ئىسلاھ قىلىپ، دۆلەت ئىستراتېگىيەسى ۋە يىرىك پىلانغا مۇلازىمەت قىلىش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش كېرەك. سۇغۇرتا شىركىتى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، سودا سۇغۇرتىسىنىڭ كاپالەت ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش لازىم. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ شىركەت ئىدارە قىلىش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ،

(ئاخىرى 13 ـ بەتتە)